ISTIQLAL

ئىستىقلال ئاۋازى

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

نويابىر 2022 (ئومۇمىي 28 ـ سان)

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر

# ئۈرۈمچىدىكى ئوت دۇنياغا تۇتاشتى



Istiqlal TV




50 دۆلەت خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان باستۇرۇش قىلمىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنى جىددىي ئاشكارىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ب د ت ئومۇمىي كېڭىشىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان 3-كومىتېتى 31-ئۆكتەبىر مۇزاكىرە يىغىنى تەشكىللىگەن. يىغىندا 50 دۆلەت شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قوللاپ بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلغان. باياناتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا ئېجرا قىلىۋاتقان باستۇرۇش قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىگەن ھەمدە خىتاينى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزۈۋاتقان دەپسەندىچىلىك قىلمىشىنى توختىتىشقا چاقىرغان.

باياناتتا خىتايدىن ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى ئىشخانىسى ئېلان قىلغان دوكلاتتىكى تەلەپلەرنى تولۇق ئېجرا قىلىش، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇپ بېرىش ۋە يوقاپ كەتكەن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىز-دېرىكىنى جىددىي ئاشكارىلاش تەلەپ قىلىنغان.

كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى 50 دۆلەتكە ۋاكالىتەن بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ ئەڭ كۆپ دۆلەتنىڭ ئاشكارا ھالدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

ئۇيغۇر مەسىلىسى مۇزاكىرە يىغىنىدا ئۇيغۇرلارنى قوللىغان دۆلەتلەر ئالبانىيە، ئاندوررا، ئاۋسترالىيە، ئاۋستىرىيە، بېلگىيە، بېلىز، بۇلغارىيە، چېخ، كىرودىيە، دانىيە، ئېستونىيە، فىنلاندىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، گىۋاتېمالا، ئىسلاندىيە، ئىرېلاندىيە، ئىسرائىلىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە، لاتۋىيە، لىبېرىيە، لىچتېنشتېين، لىتۋانىيە، لىيۇكسېمبۇرگ، مارشال تاقىم ئاراللىرى، موناكو، ناۋرۇ، گوللاندىيە، يېڭى زېللاندىيە، شىمالىي ماكېدونىيە، نورۋېگىيە، پولشا، پورتۇگالىيە، رومىنىيە، سان مارىنو قاتارلىق دۆلەتلەر ئىكەن.

مۇزاكىرە يىغىنىدا خىتاينىڭ تەرىپىنى

ئالغان 66 دۆلەتكە ۋاكالىتەن كۇبانىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينى ئاقلىغان. خىتاينى ئاقلىغان دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئېغىر بولغان دۆلەتلەر ئىكەن. كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ خىتاينىڭ نۇرغۇن يىللاردىن بېرى نامرات دۆلەتلەرنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن كونترول قىلىپ، ھەرقانداق مەسىلىدە خىتايغا قارشى ھەرىكەت ياكى ئىپادە بىلدۈرەلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




خىتاي رېجىمى بۇ يىل ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەبىئىي بايلىقىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش نەتىجىسىنى ئاشكارىلىغان بولۇپ، خىتاي نېفىت خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى شىركىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەبىئىي بايلىقىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، رايوندىكى نېفىت، تەبىئىي گاز چارلاش-ئېچىش سالمىقىنى زور كۈچ بىلەن ئاشۇرغان. شەرقىي تۈركىستاندا يېڭىدىن بايقالغان زور مىقداردىكى نېفىت-تەبىئىي گازنىڭ خىتاينىڭ ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، بۇ يىل 1-ئايدىن 9-ئايغىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى يۇقىرى كۆلەمدىكى سانائەتنىڭ ئىشلەنمىگەن تاشكۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى 291 مىليون 323 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 31.1% ئاشقان.

خىتاي ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆمۈر، خام نېفىت، توك چىقىرىش قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلىرىنى داۋاملىق بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، پۈتۈن خىتاينىڭ ئېنېرگىيە تەمىناتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە قومۇل شەھەرلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدە قومۇل شەھىرىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئىشلەنمىگەن تاشكۆمۈر 88 مىليون 620 مىڭ توننا بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 82% ئاشقان. بۇ كۆمۈرلەرنىڭ زور كۆپ قىسمى

خىتاينىڭ گەنسۇ، سىچۈەن، چۇڭچىڭ، نىڭشىيا، چىڭخەي ۋە ئوتتۇرا، شەرقىي قىسىم رايونلاردىكى خېنەن، خۇبېي، شەندۇڭ قاتارلىق جايلارغا توشۇلغان.

ئالدىنقى ئۈچ يەسىلدە شەرقىي تۈركىستاندىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان خام نېفىت مەھسۇلات مىقدارى 24 مىليون 287 مىڭ 200 توننا بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8.2% ئاشقان. تەبىئىي گاز مەھسۇلات مىقدارى بولسا 30 مىليارد 229 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 5.1% ئاشقان. ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمى ئاتالمىش «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» نامىدا 49 مىليارد 365 مىليون كۇب مېتىر گازنى خىتايغا توشۇغان.

كۆزەتكۈچىلەر شەرقىي تۈركىستاندىن چىققان بايلىقلارنىڭ پەقەت خىتاينىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى، يەرلىك خەلقنىڭ ھېچقانداق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى، ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ماس ھالدا، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنىمۇ كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




ئامېرىكىدا ئىككى پارلامېنت ئەزاسى تاموژنا سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئېرىشىشنى چەكلەش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، پارلامېنتنىڭ سىياسىي ئويۇن ئويناپ، ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۇرۇنۇشىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 4-نويابىردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئاساسلىق ئىمپورت سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ مەزگىلدە، ئامېرىكا شىركەتلىرى ئىستېمالچىلار ۋە «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يېڭى قانۇنى»نى ئىجرا قىلىش بېسىمىغا دۇچ كەلگەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، 2-نويابىر جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ كېڭەش پالاتا ئەزاسى ماركو رۇبىيو ۋە پارلامېنت ئەزاسى كىرىس سمىس ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسى سودا تاموژنا مۇلازىمىتى كومىتېتىغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، پارلامېنتنىڭ سودا تاموژنا مۇلازىمىتى مەسلىھەت كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى»نى

ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇش تەكلىپىنىڭ تەستىقلىنىشىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇلار مەكتۇپىدا: «سودا تاموژنا مۇلازىمىتى مەسلىھەت كومىتېتى ئېنىق ھالدا ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىككى پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە كۆپ سانلىقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن تەشەببۇسنىڭ كۈچىنى تۆۋەنلەتمەكچى بولدى. بىز بۇ ئۇرۇنۇشتىن قاتتىق ئەندىشە قىلىمىز» دېيىلگەن.

ئىگىلىنىشىچە، سودا تاموژنا مۇلازىمىتى مەسلىھەت كومىتېتى مۇزاكىرە قىلغان تەشەببۇسلار خىتاي يولغا قويغان مەجبۇري ئەمگەككە چېتىشلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئىمپورت قىلىنىشىنى ئاسانلاشتۇرىدىكەن.

بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە ئاشكارىلىنىشىچە، ئالدىنقى ئايدا سودا تاموژنا مۇلازىمىتى مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى باشقا فېدېراتىپ ئورگانلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن يېپىق ھالدا ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى، ئۇلارنىڭ سودا مىقدارىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئىمپورت-ئېكسپورت قائىدىسىنى زامانىۋىلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان.

سودا تاموژنا مۇلازىمىتى مەسلىھەت كومىتېتى ۋولمارت، ھەممىباب ئاپتوموبىل شىركىتى ۋە ئىنتېل قاتارلىق 20 شىركەتنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىدىن تەركىب تاپقان. بۇ كومىتېت ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسىنىڭ سودا نىزامىنى قانداق ئاددىيلاشتۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ سۇنغان. ئامېرىكىدىكى ئىككى قانۇن تۈزگۈچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەگەر پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ تەستىقى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، سودا تاموژنا مۇلازىمىتى مەسلىھەت كومىتېتىنىڭ نۆۋەتتىكى قانۇنلارنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى ھەر قانداق تەكلىپى تەستىقتىن ئۆتمەيدىكەن.




خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ھەسسە تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا بېلگىيە پايتەختى بىريۇسسېلدا ئىككى كۈن داۋاملاشقان «خەلقئارا ئۇيغۇر مۇنبىرى» يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى.

خەلقئارالىق ئۇچ چوڭ تەشكىلاتنىڭ ھەمكارلىقى ۋە باشقا بىر تۈركۈم قېرىنداش تەشكىلاتلارنىڭ قوللىشى بىلەن تەشكىللەنگەن «خەلقئارا ئۇيغۇر مۇنبىرى» بېلگىيە پايتەختى بىريۇسسېلدىكى ياۋروپا پارلامېنتى بىناسىدا 9-، 10-نويابىر ئىككى كۈن داۋام قىلدى. يىغىنغا بىر قىسىم ياۋروپا پارلامېنتى ئەزالىرى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن



كەلگەن تەشكىلات ۋەكىللىرى، ئاكادېمىكلار، مۇتەخەسسىسلەر، ژۇرنالىستلار بولۇپ، 32 دۆلەتتىن 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

مۇنبەرنىڭ ئېچىلىش يىغىنىدا ئالدى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە مىللىي گۆرۈش تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى، شۇنداقلا ھەسەنە تەشكىلاتىنىڭ مۇتىۋەللى ھەيئىتى رەئىسى كامال ئەرگۈن سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىيىتى، بۇ قېتىملىق يىغىنىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە خەلقئارانىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتى.

ئارقىدىن مەزكۇر يىغىنغا مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قاتنىشالمىغان خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخاننىڭ ۋىدىيولۇق نۇتقى قويۇلدى. ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان نۇتقىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ پەقەت بىر دۆلەت ياكى خەلقنىڭ مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى خەلقئارانىڭ ئورتاق مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنىڭ خىتايدىن ئىبارەت بۇ تەھدىتنى يوقىتىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

لاگېر شاھىتلىرىدىن سايراگۈل ساۋۇتباي، گۈلباھار خاتىۋاجى، قەلبىنۇر سىدىق، گۈلباھار جېلىل ۋە ئۆمەر بېكالى ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتنى ئۆز كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنى جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىردى.

مۇنبەردە ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ رافائېل گىلۇكسمان، مىريام لېكسمان قاتارلىق دىپلوماتلىرى، بىر قىسىم ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرى، ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ رەھبىرى نۇرى تۈركەل، ئامېرىكىنىڭ ب د ت دىكى ئەلچىسى ۋە باشقا تەشكىلات رەھبەرلىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى بايان قىلدى ھەمدە خەلقئارا جەمئىيەتنى جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىردى.

بۇ ھەقتە زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغان قەھرىمانماراش سۈتچى ئىمام ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا مۇنبەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە توختالدى. ئۇنىڭ

بىلدۈرۈشىچە، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرى، قانۇن مۇتەخەسسىسلىرى خەلقئارا قانۇن نۇقتىسىدىن بولسۇن ياكى خەلقئارالىق ئەھدىنامە نۇقتىسىدىن بولسۇن، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايەتلىرىنىڭ ب د ت ۋە خەلقئارا جەمئىيەت بېكىتكەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۆلچىمىگە تولۇق چۈشىدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ بۇ جىنايەتلىرىنى چوقۇم «ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى» دەپ ئاتاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشكەن.

دوكتور ئالىمجان بۇغدانىڭ ئېيتىشىچە، مۇنبەرگە ئىشتىراك قىلغان خەلقئارالىق قانۇنشۇناس، تەتقىقاتچى مىچېل ئەپەندى ئۆزىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان بېسىۋېلىنغان زېمىن» ناملىق كىتاب يېزىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. ئۇ بۇ كىتابىدا خەلقئارا قانۇن ۋە تارىخىي ئىسپاتلارغا ئاساسەن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتايلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان زېمىن ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى، ئەمما خىتاي رېجىمىنىڭ يالغان تارىخ ئويدۇرۇپ چىقىپ، شەرقىي تۈركىستاننى خىتاينىڭ ئايرىلماس زېمىنى دەپ دەۋا قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ ھېچقانداق تارىخىي ۋە ئىلمىي ئاساسى يوقلۇقىنى بىلدۈرگەن. يىغىن جەريانىدا بۇ نۇقتا بىر نەچچە قېتىم تەكىتلەنگەن.

دوكتور ئالىمجان بۇغدا يەنە مۇنبەرنىڭ خۇلاسىسى ھەققىدە توختىلىپ، يىغىن ئاخىرىدا خىتابنامە ئېلان قىلىنغانلىقىنى، خىتابنامىدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان 72 يىلدىن بېرى ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىۋاتقانلىقى، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مۇسۇلمان تۈركىي مىللەتلەرنى قىرغىن قىلىۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ 2014-يىلىدىن كېيىن شى جىنپىڭ تەرىپىدىن پىلانلىق ھالدا جازا لاگېرلىرىغا قاماپ، زىيانكەشلىك قىلىش سۈيىقەستىنى باشلىغانلىقى، شى جىنپىڭنىڭ مەزكۇر جىنايىتىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ بېكىتىش كېرەكلىكى قاتارلىق نۇقتىلارنىڭ تەكىتلەنگەنلىكىنى، خىتابنامىنىڭ ئاخىرىدا ب د ت ۋە ئۇنىڭغا ئەزا بولغان دۆلەتلەر، خەلقئارالىق تەشكىلاتلار شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە خىتايىنى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە جازالاپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قوللاشقا چاقىرىلغانلىقىنى بىلدۈردى.



# بىرىيۇسسېل خىتابنامىسى

## 2022-يىلى 11-نويابىر

9-نويابىردىن 10-نويابىرغىچە بېلگىيەنىڭ بىريۇسسېلدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ھەمسەنە ۋە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ساھىبخانلىق قىلغان خەلقئارالىق ئۇيغۇر مۇنبىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىشغالىيەتتىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سەۋىيەسىدىكى خىتاينىڭ ۋەھشىي ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە دىققەت تارتىپ، سىياسىي، قانۇنىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەردە جىددىي قەدەم ئېلىش ئۈچۈن، يىغىنىمىزغا ئەمەلىي ۋە ئۈنۈملۈك تۆھپە قوشقان ھۆرمەتلىك سۆزلىگۈچىلەر ۋە بارلىق مېھمانلىرىمىزغا مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

بىريۇسسېلدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئۇيغۇر مۇنبىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى:

- شەرقىي تۈركىستان 73 يىلدىن بۇيان خىتاينىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا ئېكسپلاتاتسىيە ۋە ئاسسىمىلياتسىيەگە ئۇچرىدى. بۇ جەرياندا شەرقىي تۈركىستان رايونىدىكى ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمان خەلقلىرىنى كەڭ كۆلەمدە يوقىتىش نىشان قىلىنغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە رەھىمسىزلەرچە ۋەھشىيانە جىنايەتلەرنى باشتىن كەچۈردى.

- 2014-يىلىدىن بېرى باشلانغان جازا لاگېرى، ساقچى دۆلىتى تۈزۈمى، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي، دىنىي كىملىكىنى نىشانلاش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قىلىش، مەجبۇرىي غايىب قىلىش، خالىغانچە قولغا ئېلىش، سوتسىز تۈتۈپ تۇرۇش ۋە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىش، سەپەر چەكلىمىسى، رايوننى ئايرىش، خىتايلارنى رايونغا كۆچۈرۈپ يەرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، بۇ رايوننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى بۇزۇش ۋە باشقا ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرىنى خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋە خىتاي كومپارتىيەسى، خۇسۇسەن شى جىنپىڭ ئۆزى پىلانلىغان، يېتەكلىگەن ۋە ئىجرا قىلغان.

- دۇنيانىڭ ھەرقايسى دۆلەتلىرىدىكى تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى ۋە ئاخبارات ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان دوكلات ۋە ھۆججەتلەر رايوندا ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى بارلىق خاراكتېرى ۋە تەپسىلاتلىرى بىلەن خاتىرىلەپ ماڭدى.

- 31-ئاۋغۇست ب د ت ئىنسان ھەقلىرى ئالىي ئەمەلدارى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە قارىتا مۇستەقىل باھالاش دوكلاتى ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ مىللىي، دىنىي كىملىكىنى نىشانلىغان بارلىق سىياسەتلىرىنىڭ «خەلقئارالىق جىنايەت، خۇسۇسەن ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت شەكىللەندۇرۇش» سەۋىيەسىگە يەتكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەت، خۇسۇسىي تارماقلار ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا تەۋسىيەلەرنى سۇندى.

- ئۇيغۇر سوت مەھكىمىسى 2021-يىلى لوندوندا ئۆتكۈزۈلدى. سوت ھۆججەت ۋە گۇۋاھچىلار ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنىۋاتقان بارلىق ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنى باھالىغاندىن كېيىن، بۇ رايوندا سادىر قىلىنغان جىنايەتلەرنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت خاراكتېرىدە ئىكەنلىكى، شى جىنپىڭ رەھبەرلىكىدىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ

بۇنىڭغا مەسئۇل ئىكەنلىكى ھەققىدە ھۆكۈم چىقاردى.

- خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى ئامېرىكا، كانادا، ئەنگلىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، چېخ، لىتۋانىيە، ئىرېلاندىيە ۋە فىرانسىيە پارلامېنتلىرىدا ئېتىراپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ياۋروپا پارلامېنتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق خەۋپى، دەپ ئېتىراپ قىلدى. گېرمانىيە پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىنىڭ ب د ت ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىنىڭ 2-ماددىسىدا بەلگىلەنگەن بەش ئۆلچەمنىڭ ھەممىسىگە چۈشىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

- خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويغان بارلىق سىياسەتلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى ئىنسان ھەقلىرى ئومۇمىي خىتابنامىسى، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جازالاش شەرتنامىسى، رىم نىزامنامىسى، ب د ت نىزامنامىسى، بارلىق تۈردىكى ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش ئەھدىنامىسى، ب د ت قىيىن-قىستاققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى، ئاياللارغا قارىتىلغان بارلىق تۈردىكى كەمسىتىشنى يوقىتىش خەلقئارالىق ئەھدىنامىسى، پۇقرالار ۋە سىياسىي ھوقۇقلار خەلقئارالىق ئەھدىنامىسى ۋە قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ھەققىدىكى قوشۇمچە ئەھدىنامە قاتارلىقلارغا ئاساسەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقماقتا ھەمدە زوراۋانلىقنى تۈگىتىش ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھوقۇقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، قانۇنىي ۋە ئەمەلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلماقتا.

- شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىدا ياشايدىغان، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئورگان ۋە شەخسلەر، خەلقئارا جەمئىيەت، تەشكىلات ۋە سودا ساھەسىگە تۈپ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىش ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئەركىن جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن كونكرېت ھەرىكەت قىلىشقا چاقىردى.

**يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بارلىق مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، خەلقئارا ئۇيغۇر مۇنبىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بارلىق قاتناشقۇچىلارنى تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەر توغرىسىدا دەرھال تەدبىر قوللىنىشقا چاقىرىمىز:**

1. ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدىكى دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قەدەملەرنى جىددىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

2. ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى، ئومۇمىي كېڭەش ۋە باشقا ب د ت ئورگانلىرى شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئېتىراپ قىلىش، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جازالاش شەرتنامىسى ۋە ب د ت شەرتنامىسى (ئاساسلىق نىزامنامە) گە ئاساسەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق سادىر قىلغان خىتايغا قارشى زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

3. ب د ت دا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن مەخسۇس دوكلات بەرگۈچى ياكى تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

4. شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ۋاكالىتەن شەرقىي تۈركىستان سىرتىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئورگان ۋە تەشكىلاتلارنى قوللاش ۋە رەسمىي ۋەكىل سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىش كېرەك.

5. بارلىق دۆلەتلەر خىتاي بىلەن بولغان ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋەتتە، كىشىلىك ھوقۇق ئومۇمىي خىتابنامىسى پرىنسىپىغا ئاساسەن، سىياسىي ۋە دىپلوماتىك يوللار

بىلەن ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى توختىتىش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىشى كېرەك.

6. ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ 6-ئايدىكى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق خەۋپىنى ئېتىراپ قىلىش قارارىدىن كېيىن، ياۋروپا كومىتېتى بۇ ۋەھشىيلىكنى تۈگىتىشنى نىشانلاپ، يېڭى قانۇنلارنى سۇنۇشى ھەمدە ھەمكارلىقنى سىجىللاشتۇرۇش كۆزىتىش دوكلاتى (Corporate Sustainability Due Diligence) ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك ئىمپورتىنى چەكلەش توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

7. ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭغا ئەزا بارلىق دۆلەتلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئېتىراپ قىلىشى، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىشى ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرىگە كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا قاتنىشىش ھوقۇقىنى بېرىشى كېرەك.

8. ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەر كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ۋە باشقا ئالاقىدار شەرتنامىلەرگە ئاساسەن، ب د ت نىڭ ئالاقىدار ئورگانلىرىدا ۋە ئۆز دۆلەتلىرىدە خىتاي ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قاتناشقان ھەر قايسى تەرەپلەردە زۆرۈر بولغان قانۇنىي ۋە سىياسىي قەدەملەرنى تاشلىشى كېرەك.

9. خەلقئارا ئەدلىيە سوتى ۋە خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى دەرھال تەكشۈرۈشنى باشلىشى كېرەك ۋە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا خىتاي ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەخسلەر، شىركەتلەر، ئورگانلار، تەشكىلاتلار ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۈستىدىن ئەرز سۇنۇشى ھەمدە جازا ھوقۇقى بار ئېنىق ۋە كۈچلۈك قارارلارنى چىقىرىشى كېرەك.

10. ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەرنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك قاتناشقان خىتاي شىركەتلىرىگە جازا يۈرگۈزۈش، بۇ شىركەتلەرگە خەلقئارالىق مەبلەغ سېلىشنى توختىتىش، خىتايدىن مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىشنى مەنئى قىلىش كېرەك، مەجبۇرىي ئەمگەك ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغان خەلقئارالىق شىركەتلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنىشى كېرەك.

11. خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىشتا ئىشلىتىدىغان تېخنىكىلار بىلەن تەمىنلەيدىغان خەلقئارالىق شىركەتلەر بۇ تېخنىكىنى خىتايغا تەمىنلەشنى توختىتىشى ۋە خەلقئارادا ئېمبارگو يۈرگۈزۈشى كېرەك.

12. كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، ياۋروپا كىشىلىك ھوقۇق سوتى ۋە باشقا ئاممىۋى تەشكىلاتلار شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى توسۇش ئۈچۈن ئورتاق ۋە ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈشى، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىشى ۋە شەرقىي تۈركىستان بىلەن مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلىرىدە شەرقىي تۈركىستان ۋەكىل تەشكىلاتلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىشى ۋە ھەمكارلىشىشى كېرەك.

13. خەلقئارالىق ۋە يەرلىك ئاخبارات ئورگانلىرى ۋە ژۇرنالىستلار، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ تاراتقۇلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى كۈنتەرتىپكە قويۇپ، بۇ مەسىلە ھەققىدە قەرەللىك خەۋەرلەرنى تارقىتىش ئارقىلىق، ئىشەنچلىك مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىشى، بۇ مەسىلىدە خەلقئارالىق ئىنكاس ۋە تونۇش شەكىللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشۇشى كېرەك.




خىتاي رېجىمىنىڭ قوللىشىدىكى خاككېرلار ئاندروييد ئەپ دېتالى قىياپىتىدە نىقابلانغان جاسۇسلۇق دېتالى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتكەن.

بۇلۇت بىخەتەرلىك شىركىتى «Lookout» ئېلان قىلغان يېڭى دوكلاتتا ئاشكارىلىنىشىچە، تور بىخەتەرلىك تەتقىقاتچىلىرى ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغان جاسۇسلۇق يۇمشاق دېتالىنى بايقىغان. مەزكۇر يۇمشاق دېتال ئاندروييد ئەپلىرى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئەزان، ئىبادەت ۋاقتى ۋە لۇغەت مۇلازىمەتلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئەپلەرنىڭ نىقابىغا كىرىۋېلىپ، ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلغان. مەزكۇر جاسۇسلۇق يۇمشاق دېتالى خىتاي قوللىغان خاككېرلار توپىغا باغلىق بولۇپ، خىتاي خاككېرلىرى جاسۇسلۇق يۇمشاق دېتالى بىلەن خىتاينىڭ تەلىپى بويىچە ئاتالمىش «دىنى ئەسەبىيلىك ۋە بۆلگۈنچىلىك»كە چېتىشلىق كىشىلەرنىڭ مەلۇم ھەرىكەتكە قاتنىشىدىغان-قاتناشمايدىغانلىقىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرىدىكەن.

دوكلاتتا دېيىلىشىچە، جاسۇسلۇق يۇمشاق دېتالى ئارقىلىق ئاساسلىقى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى كۆزىتىشنى نىشان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ جاسۇسلۇق ھەرىكىتىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى كۈچلەر ئافغانىستان، تۈركىيە قاتارلىق مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىمۇ نىشان قىلىۋاتقانلىقىغا ئائىت پاكىتلار بار ئىكەن.

تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، «Bad bazaar» دەپ ئىسىم قويۇلغان بۇ جاسۇسلۇق يۇمشاق دېتالى بار نۇرغۇن ئەپلەر ئالاقىلاشقۇچىنىڭ ئورنى، ئالاقە ئۇچۇرى، سۆزلىشىش خاتىرىسى، سىمسىز تور ئۇچۇرى قاتارلىق سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلاپ، يانفوننى خاتىرىلەپ رەسىمگە تارتالايدىكەن. تەتقىقاتچىلار يەنە 2019-يىلى تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتى تەتقىقات گۇرۇپپىسى «پۇقرالار تەجرىبىخانىسى» تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم بايقالغان ئاندروييد سىستېمىسىدىكى يوچۇقنىڭ ۋاتسئەپ، تېلېگراما قاتارلىق داڭلىق ئەپلەردە، شۇنداقلا دىنىي مەزمۇندىكى ئەپلەرنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا تېپىلغانلىقىنى بايقىغان.

دوكلاتتا ئاشكارىلىنىشىچە، نۆۋەتتە بار بولغان مۇلازىمەتلەرگە تەقلىد قىلىنغان ئاندروييد ئەپلىرى غەيرىي رەسمىي ئەپ

دۆكانلىرىدا ئۇچرايدىكەن. چۈنكى گۇگۇل ئەپ بازىرى خىتايدا چەكلەنگەن بولۇپ، ئاندىرويىد ئەپلىرى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ جاسۇسلۇق قىلىدىغان يۇمشاق دېتال ۋە ئەپلەر تېلېگرامما قاتارلىق ئۇچۇر مۇلازىمەتلىرى ئارقىلىقمۇ تارقىلىدىكەن.

«Lookout» نىڭ تەھدىتلىك ئۇچۇرلار تەتقىقاتچىسىنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي ئىشلەتكەن مەزكۇر يامان غەرەزلىك يۇمشاق دېتاللار ئۇلار كۆرگەن ئەڭ مۇرەككەپ جاسۇسلۇق يۇمشاق دېتاللىرىنىڭ بىرى ئىكەن. چۈنكى بۇ دېتاللار كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلىغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ خاسلاشتۇرغان ياكى باشقا ئەپلەرنى يۇقۇملاندۇرىدىغان ئەپلىرىمۇ تولۇق ئىقتىدارلىق ئىكەن.

تەتقىقاتچىلار يەنە: «بىز ئىستېمالچىلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ بىرى چۈشۈرۈۋاتقان ئەپلەرگە قارىتا ھوشيارلىقنى ئاشۇرۇش. ئەگەر سىز خىتايدا بولسىڭىز بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش قىيىن، چۈنكى سىز خىتايدا گۇگۇل ئەپ بازىرىغا ئوخشاش بىر قىسىم رەسمىي ئەپ دۆكانلىرىنى زىيارەت قىلالمايسىز. بۇ سەۋەبلىك سىز ئىجتىمائىي ئالاقە تورى ياكى تېلېگرامما ئارقىلىق ئەپ دېتاللىرىنى خالىغانچە چۈشۈرمەسلىكىڭىز تولىمۇ مۇھىم» دېگەن.

مۇتەخەسسىسلەر مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر خەلقىگە ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۈسكۈنىلىرىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا تەكشۈرۈشنى، مەيلى ئاندىرويىد بولسۇن، مەيلى IOS بولسۇن، ھەرقانداق ئەپ چۈشۈرگەندە چوقۇم رەسمىي ئەپ بازىرىدىن چۈشۈرۈشنى، مەزكۇر ئەپلەرنىڭ خىتاي مەنبەلىك بولماسلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلماقتا.




تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ پىلان ۋە خامچوت كومىتېتىدا جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيەسىنىڭ ئىستانبۇل پارلامېنت ئەزاسى مەھمەت بېكارئوغلى بىلەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەۋلۇت چاۋۇشئوغلى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق مۇنازىرە بولۇپ ئۆتتى.

جۇمھۇرىيەت گېزىتىنىڭ 8-نويابىردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، مەھمەت بېكارئوغلى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەۋلۇت چاۋۇشئوغلىنىڭ پارلامېنتتا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ئەيىبلەپ قىلغان سۆزىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدە

سۆز قىلمىغانلىقىنى تەنقىدلەپ: «سىز بارلىق تۈركىي مىللەتلەرنى تىلغا ئالدىڭىز، ئۇيغۇرلار يوق. نېمىشقا؟ چۈنكى سىلەرنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋىتىڭلار ئىچكى جەھەتتە ئوخشاشلا مەنپەئەتكە باغلانغان. خەلقئارا مۇناسىۋەتلىرىڭلارنىڭ پىرىنسىپى، ئەخلاقى يوق. شۇڭلاشقا سىز خىتاينى بىر ئېغىزمۇ تىلغا ئالمىدىڭىز» دەپ خىتاب قىلغان. چاۋۇشئوغلى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىپ: «يالغان سۆزلەۋاتىسەن. ئالدىڭدىكى تېكىستكە قارا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ يەردە يېزىلغان» دەپ ئىنكاس قايتۇرغان.

ئۇ سۆزىنىڭ داۋامىدا يەنە: «غەرب دۆلەتلىرىنىڭ پەقەت ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە مەركەزلەشكەن باياناتلىرىغا قوشۇلۇپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىۋاتىمىز، ئەمما بۇ مەسىلىدە ئەپسۇسكى، ئىسلام دۇنياسىدىمۇ، تۈرك دۇنياسىدىمۇ بىرلىك يوق، تۈركىيەنىڭ خالىغىنىنى قىلالمايۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ مانا بۇ بىرلىكنىڭ يوقلۇقىدۇر. بىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىمىز، لېكىن سىياسىي تەكىپۇڭلۇق مەسىلىسى بار، بۇ بىر ئاجىزلىق ئەمەس، مەن سىلەرگە رېئاللىقنى سۆزلەۋاتىمەن. لېكىن بىز يالغۇز قالساقمۇ، پەلەستىن دەۋاسىغا ئوخشاشلا ئۇيغۇر تۈركلىرىنىمۇ داۋاملىق قوغداشنى داۋاملاشتۇرىمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن.




ياپونىيە باش ۋەزىرى فۇمىئو كىشىدا 12-نويابىر كامبودژانىڭ فىنوم پېندا ئۆتكۈزۈلگەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى باشلىقلار يىغىنىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختالدى.

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ياپونىيە باش ۋەزىرى فۇمىئو كىشىدا يىغىندا ئاسىيا رەھبەرلىرىگە خىتاب قىلىپ، خىتاينىڭ ياپونىيەنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە رايوندىكى جىددىيلىكنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

كىشىدا كامبودژادا ئۆتكۈزۈلگەن شەرقىي ئاسىيا باشلىقلار يىغىنىدا سۆز قىلىپ، تەيۋەن بوغۇزىنىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ رايون بىخەتەرلىكى ئۈچۈن مۇھىملىقىنى بىلدۈرگەندىن سىرت ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىدىن ئېغىر ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

كىشىدا يىغىندا: «خىتاينىڭ شەرقىي خىتاي

دېڭىزدا ياپونىيەنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان ھەرىكەتلىرى داۋاملىشىۋاتىدۇ ۋە كۆپىيىۋاتىدۇ. خىتاي يەنە جەنۇبىي دېڭىزدىكى رايون جىددىيلىكىنى كۈچەيتىدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىۋاتىدۇ» دېگەن.

ئۇ سۆزىدە يەنە ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېننىڭ سۆزىنى قوللايدىغانلىقىنى، تەيۋەن بوغۇزىدا تىنچلىقنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە جەنۇبىي دېڭىزدا يول باشلاش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.




ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» ئالاقە تورى ئۇچۇر ئىشخانىسى قاتارلىق خىتاي دائىرىلىرى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئاتالمىش «يامان غەرەزلىك ئۇچۇر تارقىتىش» قىلمىشى سەۋەبلىك ئۈچ كىشىنىڭ جازالانغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ئەمما ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان قىسقا سىنلار خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقات قىلىۋاتقانلىقىنى، دائىرىلەر ئېلان قىلغان ئۈچ كىشىنىڭ دەل «ئۈرۈمچى» دېگەن سۆزنى ھەمبەھىرلىگەنلىكى سەۋەبلىك جازالانغانلىقىنى ئاشكارىلىغان.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ 15-نويابىردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي رېجىمى قەشقەر ۋىلايىتىدىن بىر كىشى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ئىككى كىشى بولۇپ، جەمئىي ئۈچ كىشىنىڭ ئاتالمىش «يامان غەرەزدە تور ئۇچۇرى تارقىتىش» سەۋەبلىك جازالانغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۈچ كىشىنىڭ كونكرېت نېمە سەۋەبلىك ۋە ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلىمىغان.

خىتاي رېجىمى تارقاتقان خەۋەردە مەزكۇر كىشىلەر ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ھېسابى بىۋاسىتە كۆرسىتىش مەزگىلىدە، باشقىلارنى يامان غەرەزدە تور ئۇچۇرى تارقىتىشقا قۇتراتقان ياكى خىتاي رېجىمىنىڭ بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنى بىۋاسىتە كۆرسىتىش مەزگىلىدە، يامان غەرەزدە ئىنكاس يازغان ھەم ئىنكاسلارنى ئۇزۇپ ئېلىپ، قىسقا سىن ئارقىلىق تارقاتقانلىقى سەۋەبلىك جازالانغانلىقىنى بىلدۈرگەن. خىتاي رېجىمى مەزكۇر خەۋەردە جازالانغان تىپىك دېلودىكى ئۈچ كىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا «ئۈرۈمچى» دېگەن سۆزنى يوللىغانلىقى سەۋەبلىك جازالانغانلىقىنى يوشۇرغان.

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا تارقالغان قىسقا سىن خىتاي دائىرىلىرىنىڭ يالغان خەۋەر تارقاتقانلىقىنى ئاشكارىلىغان بولۇپ، سىندا كۆپچىلىكنىڭ ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا «ئۇرۇمچى» دېگەن سۆزنى يوللىماسلىقى كېرەكلىكى، مەلۇم كىشىنىڭ بۇ سەۋەبلىك تەكشۈرۈلۈپ جازالانغانلىقى، جازالانغان ئۈچ كىشىنىڭ بىرىنىڭ دەل شۇ «ئۇرۇمچى» دېگەن سۆزنى ھەمبەھىرلىگەنلىكى سەۋەبلىك تەكشۈرۈلگەنلىكى، كۆپچىلىكنىڭ ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدىكى ئۇچۇرلار ھەققىدە ئىنكاس يازماسلىقى كېرەكلىكى قەيت قىلىنغان.

شۇنداقلا خىتاي يەنە خەلققە تەھدىت سېلىپ تۆۋەندىكى ئۇقتۇرۇشنى تارقاتقان بولۇپ، ئۇنىڭدا: «تور بىخەتەرلىكى ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش تارماقلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى شۇنداق قاتتىق ئەسكەرتىدۇكى، ئالاقە تورى قانۇن سىرتىدىكى جاي ئەمەس، يېقىنقى مەزگىلدە بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئۆيىدە يامان غەرەزدە ئىنكاس يېزىپ، تور ئاممىۋى تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغان، قانۇن-بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلارنى ئالاقىدار تارماقلار قانۇن بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ، ھەرگىز كەڭچىلىك قىلمايدۇ. توردىكى قانۇن - بەلگىلىمىگە خىلاپ ئۇچۇرلارنى پاش قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلەر مۇكاپاتلىنىدۇ» دېگەندەك تەھدىتلىك سۆزلەر ئورۇن ئالغان.




بېنگال مۇسۇلمانلىرى 1933- ۋە 1944-يىلى 12-نويابىر شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان ئىككى جۇمھۇرىيەتنى خاتىرىلەش كۈنىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قوللاپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشىغا قارشى نامايىش قىلدى.

ئاسىيا خەۋەرلىرى تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، بېنگال مۇسۇلمانلىرى 12-نويابىر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى لاگېرغا تۇتقۇن قىلىش قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، خىتاينى جازا لاگېرىغا قامالغان ئۇيغۇرلارنى قويۇپ بېرىشكە چاقىرغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، 12-نويابىر چۈشتىن كېيىن بېنگال مۇسۇلمانلىرى داككاغا جايلاشقان داككا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەتراپىدىكى شاھباغ دۆلەتلىك مۇزېيى ئالدىدا نامايىش قىلغان بولۇپ، نامايىشقا 600

دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان. نامايىشچىلار خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش جىنايىتىگە قارشى پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قاتارلىق تۈرلۈك جىنايەتلىرىگە قارشى شوئار توۋلىغان ھەمدە خىتاينى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە قامىغان نەچچە مىليون مۇسۇلماننى قويۇپ بېرىشكە چاقىرغان.

نامايىشچىلار يەنە خىتاينىڭ بېنگالدا كېڭىيىش مۇددىئاسىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، خىتاينىڭ بېنگالغا سالغان تاشيول، ئېلېكتر بىلەن تەمىنلەش تۈرلىرىنىڭ تەننەرخىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغانلىقىنى، خىتاي بېنگالنى سىرىلانكىغا ئوخشاش قەرز تۇزىقىغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇندىن باشقا بېنگالدىكى BBSS پاراۋانلىق جەمئىيىتى ۋېلسىپىتلىك يۈرۈش نامايىشى تەشكىللىگەن. پاراۋانلىق جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى تەۋپىق ئەھمەد تەفسىر نامايىشتا سۆز قىلىپ، خىتاي دەۋا قىلغاندەك شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەزەلدىن خىتاينىڭ بىر قىسمى ئەمەسلىكىنى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ۋەھشىيلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بېنگالدىكى ئىسلام بىرلىكى تەشكىلاتىمۇ موتوسىكلىتلىق يۈرۈش نامايىشى تەشكىللىگەن.

جاگراتا ئىسلام خەلق پارتىيەسى خىتاينىڭ بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى بولغان شەرقىي تۈركىستاننى قانۇنسىز ئىشغال قىلغانلىقىنى ئەيىبلىگەن. ئۇندىن باشقا بېنگالنىڭ نارايانجەن شەھىرىدە نامايىشچىلار خىتايغا قارشى پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەققانىي دەۋاسىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بېنگال خەلقىنى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى قوللاشقا ۋە خىتاينىڭ قانۇنسىز قىلمىشىنى ئەيىبلەشكە چاقىرغان.




خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسى بىلەن قاتتىق كونترول قىلىش قىلمىشلىرى، خىتاي رېجىمىنىڭ ھەر خىل ئېيتىبار سىياسەتلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرگەن خىتاي ئاققۇنلىرىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، بىر تۈركۈم خىتاي ئاققۇنلىرى شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلىشقا باشلىغان.

20-نويابىر ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا تارقالغان سىنلاردا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاينىڭ ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا

قىلىنىۋاتقان ئىشنى تاقاپ ئائىلىگە قاماپ ئاچ قويۇش، داۋالىماي قىيناش قىلمىشى شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشكەن خىتاي ئاققۇنلىرىغا تەسىر قىلغان بولۇپ، ئۇلار شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىغان.

سىندا كۆرسىتىلىشىچە، يۈك-تاقلىرىنى كۆتۈرۈشكەن خىتاي ئاققۇنلىرى ۋوگزال، ئاپتوبۇس بېكەتلىرى ئارقىلىق يۇرتلىرىغا كېتىشكە ئالدىرىغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىن خىتايغا ماڭىدىغان ئاساسلىق بېكەتلەرگە كىرىشتىن چەكلەنگەندىن كېيىن، خىتاي ئاققۇنلىرى شەرقىي تۈركىستاننى خىتايغا تۇتاشتۇرىدىغان ئارايۇلتۇز چېگرا ئېغىزىغا يىغىلغان.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۈي 3-نويابىر تۇيۇقسىز قومۇل شەھىرىگە بېرىپ، ئارا يۇلتۇز ج خ تەكشۈرۈش پونكىتى، بەيشەنچۈەن چېگرا تەكشۈرۈش پونكىتى قاتارلىق خىتايدىن شەرقىي تۈركىستانغا كىرىپ-چىقىدىغان مۇھىم ئېغىزلارنى تەكشۈرگەن ۋە بۇ جەرياندا يۇقۇمنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن خىتايغا كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن بولۇپ، ما شىڭرۈينىڭ چېگرا پونكىتلىرىنى تەكشۈرۈشتىكى ئەسلى مەقسىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كېتىشكە تەمشەلگەن خىتاي ئاققۇنلىرىنى توسۇپ قېلىش ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەندى.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۆيلىرىگە ۋە قاتتىق سوغۇقتىمۇ ئاتالمىش «كۆزىتىش مەركەزلىرى»گە قاماش قىلمىشىنىڭ ئاققۇن خىتايلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى، نۆرغۇن ساھەدە ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان خىتايلارنىڭمۇ بۇ خىل قاتتىق كونترولغا چىدىمىغانلىقىنى، بۇ ئەھۋاللار شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




قاتاردا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان دۇنيا لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى ئوينىلىدىغان پۇتبول مەيدانىنى سالغان خىتاي شىركىتىنىڭ شەرقىي

تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتۇپ تۇرۇش ۋە قىرغىن قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان جازا لاگېرلىرى قۇرۇلۇشىدىمۇ مۇھىم خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئاشكارىلاندى.

دوھادىكى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە ئوينىلىدىغان لۇسايل پۇتبول مەيدانىنى قۇرغان شىركەت خىتاي تۆمۈر يول قۇرۇلۇش شىركىتى بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش تەربىيەلەش مەركىزى نامىدا سېلىنغان جازا لاگېرلىرى قۇرۇلۇشىدا ئاساسلىق رول ئوينىغۇچى ئىكەنلىكى ئاشكارىلاندى.

«تايمىس گېزىتى»نىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، قاتار 2022-يىللىق دۇنيا لوڭقىسى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىنىڭ مەيدانىنى قۇرۇشنى ھۆددىگە ئالغان شىركەتنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتۇپ تۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تۈرمە قۇرۇشتا باش رولچى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. ھۆججەتلەردە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي تۆمۈر يول قۇرۇلۇش شىركىتى قاتار بىلەن ھەمكارلىشىپ، دوھادىكى دۇنيا لوڭقىسى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە ئوينىلىدىغان لۇسايل پۇتبول مەيدانىنى ياساشتا ھەمكارلاشقان بولۇپ، مەزكۇر شىركەت ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتالمىش «ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش دىۋىزىيەسى» ئۈچۈن ئىشلىگەن.

دوھادىكى 80 مىڭ تاماشىبىن سىغىدىغان ئالتۇن قاچا شەكىللىك لۇسايل پۇتبول مەيدانى سېر نورمان فوستېرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان فوستېر ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر گورۇپپا تەرىپىدىن لايىھەلەنگەن بولۇپ، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە ئۈچۈن ئالاھىدە ياسالغان ۋە 18-دېكابىر ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە بۇ مەيداندا ئۆتكۈزۈلىدىكەن.

شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرى سەۋەبلىك ئامېرىكىنىڭ جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن «ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش دىۋىزىيەلىرى» بولتۇر مارتتا ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭمۇ جازالاش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەنىدى.

بارلىق جىنايەتلىرىگە كۆز يۇمۇپ تۇرۇۋالغان خىتاي رېجىمىنىڭ بۇ ھەپتە قاتارغا ئىككى مۇشۇكئېيىق سوۋغا قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا شەرقتە بىرىنچى بولۇپ خىتاينىڭ سوۋغىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشى مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن خىتاينىڭ «مۇشۇكئېيىق دىپلوماتىيەسى»نى قوللانغانلىق، دەپ تەنقىدلەنمەكتە. تۆت ياشلىق «سۇھەيل» ۋە ئۈچ ياشلىق «تۇرايا» ئىسىملىك مۇشۇكئېيىق كەلگۈسى 15 يىل ئىچىدە قاتاردا تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلارغا تەييارلانغان يەر ئۇلارنىڭ سىچۇەندىكى تەبىئىي ماكانىغا تەقلىد قىلىنغان.

خىتاينىڭ قاتاردىكى باش ئەلچىسى جوۋ جيەن تىمۇتتىپىردا سىن ھەمبەھىرلەپ، خىتاي-قاتار مۇناسىۋىتىنى ماختىغان ۋە بۇ سوۋغاتنىڭ ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا سىمۋول قىلىنغانلىقىنى دەۋا قىلغان. ئۇ يەنە خىتاينىڭ قاتار دۇنيا لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسىگە قوشقان تۆھپىسىنى تەكىتلەپ: «خىتاي ئېلېمېنتلىرى ئىنتايىن گەۋدىلىك. ئۇل ئەسلىھەدىن تېلېگرافقىچە، 1500 يېڭى ئېنېرگىيە ئاپتوبۇسىدىن قۇياش ئېلېكتىر ئىستانسىسىغىچە، مۇسابىقە تەمىناتىدىن خاتىرە بۇيۇملارغىچە خىتايدا ئىشلەنگەن. بۇنى قاتارنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ» دەپ كۆرەڭلىگەن.

لوندون ئۇچۇر مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ساھىبخان دۆلەت 12 يىل جەريانىدا يول، مېھمانخانا، تەنتەربىيە مەيدانى ۋە پۇتبول ئەسلىھەلىرىنى ياساشتا 200 مىليارد دوللاردىن ئارتۇق خىراجەت

سەرپ قىلغان بولۇپ، خىتاي شىركەتلىرى 2022-يىلىلىق دۇنيا لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسىدە باشقا ھەرقانداق دۆلەتنىڭ سالغان مەبلىغىدىن كۆپرەك مەبلەغ سالغان. مۇسابىقىنى دۇنيا مىقياسىدا تارقىتىش، رەسمىي تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە بۇ يىلىلىق لوڭقىنى كۆپەيتىش، مۇسابىقىنىڭ رەسمىي ماسكىسى، بايراقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى قاتارلىق بارلىق ئىشلار خىتاينىڭ قولىدا بولۇپ، خىتاي بۇنىڭدىن غايەت زور كىرىمگە ئېرىشكەن.




خىتاي «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىشىكلىرىنى سىرتتىن تاقاپ، ئۆيلىرىگە قامىغاندىن باشقا، مەخسۇس تەييارلانغان ئاتالمىش «كارانتىن مەركەزلىرى»گە مەجبۇرىي قاماپ قىرغىن قىلىشنى داۋاملاشتۇرماقتا. گەرچە خىتاينىڭ بۇ قىلمىشلىرى خەلقئارا جەمئىيەتكە ئاشكارا بىر ھادىسىگە ئايلانغان بولسىمۇ، بىراق خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت-ئوبلاستلىرىدىكى قامال مەركەزلىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتمەكتە.

22-نويابىر شەرقىي تۈركىستاندىن تارقالغان بىر سىندا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي نۆۋەتتە تېخىمۇ كۆلەملەشكەن ئاتالمىش «ئايرىپ كۆزىتىش مەركىزى» نامىدىكى جازالاش مەركەزلىرىنى قۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغان.

36 سېكۇنتلۇق مەزكۇر سىندا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەلۇم جايدا شەرقىي تۈركىستان بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئاتالمىش «ئايرىپ كۆزىتىش مەركىزى» نامىدىكى تۇتقۇن قىلىپ سولاش ئورنى قۇرۇپ چىققانلىقى، كۆرسىتىلگەن. سىننى تارقاتقان كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر ئورۇندا 16 مىڭ ئېغىز كامېر بار ئىكەن.

23-نويابىر تارقالغان يەنە بىر سىندىمۇ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «ئايرىپ كۆزىتىش مەركەزلىرى»نى ئالدىراش قۇرۇۋاتقان كۆرۈنۈشلەر تارقىتىلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بۇ خىل قۇرۇلۇشلار كۆپلەپ ئاشكارىلانماقتا.




مالايشىيا پادىشاھلىق سارىيى 24-نويابىر ئۆكتىچىلەر ئۇمىد ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى ئەنۋەر ئىبراھىمنى كېيىنكى مالايشىيا ھۆكۈمىتىگە باش مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

مالايشىيا پادىشاھى سۇلتان ئابدۇللاھ شاھ 15-ئومۇمىي سايلامدىن كېيىن ھۆكۈمەت قۇرۇش ۋەزىپىسىنى پارلامېنتتا ئەڭ كۆپ ۋەكىللىككە ئېرىشكەن ئۇمىد ئىتتىپاقى رەھبىرى ئەنۋەر ئىبراھىمغا بەرگەن بولۇپ، پادىشاھلىق سارىيىنىڭ باياناتىدا ئەنۋەر ئىبراھىمنىڭ دۆلەت تارىخىدىكى 10-نۆۋەتلىك باش مىنىستىرلىككە تەيىنلىنىشىنىڭ پادىشاھ ۋە دۆلەت باشلىقلىرى كېڭىشىدە تەستىقلانغانلىقى، ئۇنىڭ ئاساسىي قانۇن قەسەمنامىسىنىڭ پادىشاھ ئالدىدا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

ئەنۋەر ئىبراھىم 24-نويابىر شۇ جاي ۋاقتى سائەت 17:00 دە پادىشاھلىق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىمدا مالايشىيا پادىشاھى سۇلتان ئابدۇللاھ شاھنىڭ ھوزۇرىدا قەسەم بېرىپ، يېڭى ھۆكۈمەتنى قۇرۇش ۋەزىپىسىنى رەسمىي تاپشۇرۇۋېلىپ، مالايشىيانىڭ 10-نۆۋەتلىك باش مىنىستىرى بولغان.

75 ياشلىق پېشقەدەم سىياسەتچى ئەنۋەر ئىبراھىم ئىلگىرى مالايشىيا مۇئاۋىن باش مىنىستىرى، مالىيە مىنىستىرى، مائارىپ مىنىستىرى، مالايشىيا ياشلار ۋە تەنتەربىيە مىنىستىرى ۋە ئىككى قېتىم مالايشىيا ئۆكتىچى پارتىيە رەھبىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن بولۇپ، 2008-يىلى دۇنيادىكى ئەڭ تەسىر كۈچكە ئىگە 100 كىشىنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان.

ئەنۋەر ئىبراھىم يەنە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى يېقىندىن قوللىشى ۋە تۈرلۈك ئۇسۇللاردا كۈچ چىقىرىشى بىلەن تونۇلغان مۇھىم شەخسلەرنىڭ بىرى بولۇپ، نۆۋەتتە ئۇنىڭ مالايشىيانىڭ باش مىنىستىرى بولۇپ سايلىنىشى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارالماقتا.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى 24-نويابىر ھاجى ئەنۋەر ئىبراھىم ئەپەندىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى. تەبرىك خېتىدە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىگە ئەزا

تەشكىلاتلارنىڭ ئەنۋەر ئىبراھىم ئەپەندىنى تەبرىكلەيدىغانلىقى، تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ مالايشىيا خەلقى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ كەلگەنلىكى، خىتاينىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىغا قاراتقان كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى تۇرۇش، ئىسلامىي قىممەت قاراشلارنى قوغداپ قېلىش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئورتاق مەيدانغا ئىگە ئىكەنلىكى، تۈركىي خەلقلەر بىلەن مالايشىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ بەخت-سائادىتى ۋە تەرەققىياتىدا ئورتاق مەنپەئەتى بارلىقى قەيت قىلىپ ئۆتۈلدى. شۇنداقلا بۈگۈندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن، تېخىمۇ كۆپلىگەن ساھەلەردە ھەمكارلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى تەكىتلەندى.

ئەنۋەر ئىبراھىم ئەپەندى رەھبەرلىكىدىكى ABIM، GPM قاتارلىق مالايشىيا تەشكىلاتلىرى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ مالايشىيادا كۈچلۈك كۈنتەرتىپكە كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىماقتا. شۇنداقلا مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن تۈرلۈك ساھەلەر بويىچە ياردەم ۋە ھەمكارلىقنى داۋاملاشتۇرماقتا.




24-نويابىر ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى 22 قەۋەتلىك بىر ئولتۇراق بىناسىدا ئېغىر ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن بولۇپ، خىتاي قۇتقۇزۇش تارماقلىرى قەستەن ۋاقتىدا كەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك، ئوت ئاپىتى 15-قەۋەتتىن باشلىنىپ 21-قەۋەتكىچە يامراپ، نەچچە ئونلىغان ئۇيغۇر قازا قىلغان.

خىتاي رېجىمى ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسى بىلەن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خەلقنىڭ ئىشىكلىرىنى، ئولتۇراق رايونلىرىنىڭ دەرۋازىلىرىنى قۇلۇپلاپ ياكى توسۇق قويۇپ، ئۆيلىرىگە قامىغانىدى. ئەمما ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ تەدبىرلەر قامال باشلانغىنىغا ئۈچ ئايدىن ئاشقان ئۈرۈمچىدە ئېچىنىشلىق پاجىئەنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

خىتاي ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئوت ئاپىتى 24-نويابىر ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 17:49 دە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان بىر ئولتۇراق بىناسىدا يۈز بەرگەن. خەۋەردە خىتاي

دائىرىلىرىنىڭ ئاپەت ئۇچۇرىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، نەق مەيداندا قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنى باشلىغانلىقى، سائەت 20:35 مىنۇت ئۆتكەندە ئوتنىڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكى، ئون كىشىنىڭ قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقى، توققۇز كىشىنىڭ يارىلانغانلىقى دەۋا قىلىنغان.

ئەمما ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان سىنلار ۋە ئىنكاسلار باشقىچە بىر رېئاللىقنى كۆرسىتىۋاتقان بولۇپ، مەزكۇر پاجىئەگە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي قامال سىياستى بىلدۈرگەن.

باشقا بىر نەچچە سىن بولسا خىتاينىڭ نەچچە ئايدىن بېرى يۇقۇمغا قارشى تۇرۇش باھانىسى بىلەن بىنانىڭ ئەتراپىنى قورشىۋەتكەن تۆمۈر رېشاتكىلار ۋە توسۇقلارنىڭ ئەسلىدىنلا قەستەن كېچىكىپ كەلگەن ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىلىرىنىڭ كىرىشىگە توسالغۇ بولغانلىقىنى، بۇلارنى بۇزۇپ ئېچىش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىت كەتكەنلىكىنى، ئوت ئۆچۈرۈش جەريانىدىمۇ پۈركىگەن سۇلارنىڭ كۆيۈۋاتقان ئوتقا يەتمىگەنلىكىنى، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ۋە ئۈنۈمسىز ھەرىكەت سەۋەبلىك، قۇتقۇزۇش



ۋە ئوت ئۆچۈرۈشنى قەستەن كېچىكتۈرۈشى ئاساسلىق سەۋەب بولغان. تارقالغان سىنلار خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئوت كۆيۈۋاتقان پەيتتىمۇ تاقالغان دەرۋازىنى ئاچمىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان بولۇپ، بىر سىندا ئوت كەتكەن ئۆيدىكى بىر ئايالنىڭ «ئىشىكنى ئېچىڭلار! تېزدىن ئىشىكنى ئېچىۋېتىڭلار!» دەپ ئېچىنىشلىق نالە قىلغانلىقى ئاڭلانغان.

تارقالغان يەنە بىر سىندا ئۇندىدار تورىدىكى ئاۋازلىق ئۇچۇرلار كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئوت ئىچىدە قالغان ئۆيدىكى بىر ئۇيغۇر ئايال ئۆزلىرىنىڭ 16-قەۋەتتە ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىگە ئوكسىگېن يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى، بالىسىنىڭمۇ بولالماي قالغانلىقىنى ئىمكانىيىتىنىمۇ يوق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

گەرچە خىتاي رېجىمى قازا قىلغانلارنىڭ سانىنى پەقەت ئون دەپ ئېلان قىلغان بولسىمۇ، خىتاينىڭ ئەزەلدىن ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇشتەك ئادىتى ۋە قازا قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى خىتاينىڭ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارغا ساختىلىق ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىجتىمائىي ئۇچۇر سۇپىلىرىدا يېزىلغان ئىنكاسلارمۇ يۇقىرىقى قاراشنى دەلىللەش بىلەن بىرگە، مەزكۇر ئوت ئاپىتىدە كەم دېگەندە 30 نەچچە كىشىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى

ئىلگىرى سۈرمەكتە.

مەزكۇر پاجىئە مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قاتتىق ماتەمگە چۆمدۈرگەن بولۇپ، ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرى ئارقىلىق تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئۆز قايغۇسىنى بىلدۈرۈشمەكتە ۋە شۇنداقلا خىتاي رېجىمىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى بولغان بۇ پاجىئەنى خەلقئارا جەمئىيەتكە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا.

ئۇندىن باشقا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى بۇ قېتىملىق پاجىئەدە قازا قىلغانلار ئۈچۈن 26-نويابىر كەچتە سەفاكۆي رايونىغا جايلاشقان فاتىھ جامەسىدە غايىبانە جىنازا نامىزى ۋە دۇئا يىغىلىشى ئورۇنلاشتۇردى.




خىتاينىڭ ئاتالمىش «ۋىرۇس يۇقۇمىنى نۆلگە چۈشۈرۈش» نامىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۆيىگە قامال قىلىش قىلمىشى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ۋە شۇنچە نالە-پەريادلارغا، چاقىرىقلىرىغا پىسەنتمۇ قىلىنماستىن كۆيۈپ ئۆلۈشكە تاشلاپ قويۇلغان ۋە 40 تىن ئارتۇق كىشىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىشى بىلەن نەتىجىلەنگەن خىتاينىڭ قەبىھ جىنايىتى ئۈرۈمچى خەلقىنى قوزغاتقان بولۇپ، قاتتىق قامالغا قارشى جېنىنى تىككەن خەلق تەرەپ-تەرەپتىن كوچىلارنى قاپلىغان.

24-نويابىر يۈز بەرگەن بۇ ئېچىنىشلىق جىنايەتتىن كېيىن ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرى ماتەم ھاۋاسىغا چۆمگەن بولۇپ، ئۈرۈمچى خەلقى 25-نويابىر كەچتە جاننى تىكىپ كوچىلارغا چىققان.

پۈتۈن دۇنيانىڭ بېسىمى ۋە ھەرخىل جازا يۈرگۈزۈشلىرىگە پەرۋا قىلمىغان ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا سوغۇق ھاۋانىڭ كىرىشىگە قارىماي شەرقىي تۈركىستان ھەر تەرىپىدىن كەڭ كەتكەن ئاتالمىش ئايرىپ كۆزىتىش نامىدىكى ئۆلۈم كەپىلىرىنى سېلىپ، كارانتىن باھانىسى بىلەن ئۇلارنى توپ-توپ ھالدا ئۆيلىرىدىن ئېلىپ چىقىۋاتقان، خەلقنىڭ ئاھۇ-زارى پەلەككە يەتكەن بىر پەيتتە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن بۇ ئېچىنىشلىق پاجىئە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى چوڭقۇر ماتەم ۋە قايغۇغا سېلىپلا قالماي، پۈتۈن دۇنيادىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يۈرىكىنى ئەزدى ۋە ئېغىر قايغۇغا چۆمدۈردى.

خىتاينىڭ يولسىز قامال قىلىپ قىيناش قىلمىشلىرى ۋە بۇ پاجىئەدە ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى نومۇس قىلماستىن ئاز كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشى قاتارلىق رەزىللىكلەرگە چىدىمىغان ئۈرۈمچى خەلقى جېنىنى تىكىپ 25-نويابىر كەچتىن باشلاپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى.

تارقىلىۋاتقان سىنلاردا كۆرسىتىلىشىچە، كوچىلارغا چىققانلار ئىچىدە خىتايلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئائىلە قورۇسى ۋە مەيدانلارغا توسۇق قويۇپ قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان خىتاي خادىملىرى بىلەن قاتتىق توقۇنۇشقان ۋە توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كوچىلارغا چىققان.

كوچىلاردىكى خەلق بىنادىكى كىشىلەرگە «بىنادىن چۈشۈڭلار!» دەپ توۋلىغان بولۇپ، ئۈرۈمچى تەڭرىتاغ رايونى، سايباغ رايونى قاتارلىق رايونلارنىڭ كوچىلىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان. ئۇلار بىردەك يۇقىرى ئاۋاز بىلەن بىردەك «قامال بىكار قىلىنسۇن»، «قوزغال، قۇل بولۇشنى خالىمايدىغانلار» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاشقان. خەلق ئاخىرىدا ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق ھۆكۈمىتى بىناسى ئالدىغا يىغىلىپ «قامال بىكار قىلىنسۇن» دەپ شوئار توۋلىغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

خىتاي رېجىمى بۇ ئېچىنىشلىق كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ھەققىدىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرغان بولۇپ، ھەتتا ئۈرۈمچىدىكى خىتايلارمۇ ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا قىلغان سۆزلىرىدە خىتاينىڭ رېجىمىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى مازاق قىلغانلىقىنى، ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. بۇنىڭ بىلەن خىتاي شۇ كۈنى يېرىم كېچىدىن باشلاپ تور ئۇچۇرلىرىنى تاقىغان بولۇپ، بۇرۇن تارقالغان ئونلىغان سىنلار ۋەتەن ئىچى-سىرتىدا كەڭ تارقىلىپ زور غۇلغۇلا قوزغىدى.

شەرقىي تۈركىستاندىن تارقالغان سىنلاردا كۆرسىتىلىشىچە، كېچىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ئەھۋالىدىن ئەسەر قالمىغان بولۇپ، ئۈرۈمچى كوچىلىرى قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ ئاپتوموبىللىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن.




2015-يىلى 8-ئايدا تايلاندنىڭ باڭكوكتىكى بۇتخانىسىنى پارتلىتىش ۋەقەسىگە چېتىشلىق دەپ گۇمان قىلىنغان ئىككى ئۇيغۇرنىڭ سوتى 22-نويابىر تايلاندتا باشلاندى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 27-نويابىردىكى

خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، بىلال مۇھەممەد بىلەن يۈسۈپ مىرئەلى 2015-يىلى تايلاند ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان بولۇپ، تايلاند ساقچى دائىرىلىرى ئۇلارنى شۇ يىلى 17-ئاۋغۇست باڭكوكتىكى ھىندى دىنى ئىبادەتخانىسىنى پارتلىتىش ۋەقەسىگە مۇناسىۋەتلىك دەپ ئەيىبلىگەن. مەزكۇر پارتلىتىش ۋەقەسىدە 20 ئادەم قازا قىلىپ، 100 دىن ئارتۇق ئادەم يارىلانغانىدى.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، پارتلاتقۇچ دورا بىر تەرەپ قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئىككى ساقچى ۋە ئەدلىيە خادىمى باڭكوكنىڭ جەنۇبىدىكى سوت مەھكىمىسىدە ئېراۋان مازارلىقىدا پارتلىغان ئىككى بومبا توغرىسىدا گۇۋاھلىق بەرگەن. ئەينى ۋاقىتتا بومبا ئەترىتىنىڭ مەسئۇلى بولغان ساقچى: «بىز گۇماندارنىڭ تۇرالغۇسىنى ئاختۇرغاندا ئۇربىيە، ئوق دورىسى قاتارلىق پارتلىتىش ماتېرىيال ياسىغىلى بولىدىغان ئىككى خىل بۇيۇمنى بايقىدۇق» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ئەگەر بۇ ئىككى ئۇيغۇرغا دائىرىلەر گۇمان قىلغىنىدەك جىنايەت بېكىتىلسە، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە پارتلاتقۇچ دورا ساقلاش قاتارلىق جىنايەتلەر بىلەن ئەيىبلىنىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشى مۇمكىن ئىكەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ئىككى ئۇيغۇر چېتىلغان بومبا پارتلىتىش دېلوسىنىڭ سوتى 22-نويابىردىن 24-نويابىرغىچە ئېچىلغان. خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، سوتتىكى تەرجىماننى خىتاي تەمىنلىگەن بولۇپ، تايلاند ساقچىلىرىمۇ سوتقا ئۇيغۇرچە تەرجىمان قاتناشتۇرۇپ، خىتايغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تەرجىماننىڭ خاتا تەرجىمە قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

بېرنال خەۋەرلىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، گۇماندارلارنىڭ ئادۋوكاتى چۇچارت كانپاي ساقچى ئىدارىسى تەمىنلىگەن دەلىل-ئىسپاتلارغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئالدى بىلەن ئىككى ئۇيغۇر ئىجارىگە ئالغان ئۆيگە ساقچى ئەمەس، بەلكى ئەسكەر بارغانلىقىنى، ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئەسكەرلەر بۇزۇپ كىرگەنلىكىنى، نەق مەيداندا پوچتىدىن كەلگەن بۇيۇملار ئاللىبۇرۇن يەردە چېچىلىپ تۇرغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، تايلاند دائىرىلىرى بومبا پارتلاشتىن ئىلگىرى 109 ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، دائىرىلەر پارتلاش ۋەقەسىنى ئۇيغۇرلار تايلاند ھۆكۈمىتىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن قىلدى، دەپ دەۋا قىلغان.




ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇرلار ئۈرۈمچىدە ئۆلتۈرۈلگەن قېرىنداشلىرى ئۈچۈن غەزەپ-نەپرىتىنى بىلدۈردى

ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمىنىڭ 24-نويابىر ئۈرۈمچىدىكى ئاتالمىش يۇقۇم باھانىسى بىلەن، ئۆيلىرىگە قامالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق بىناسىدا يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى ۋە خىتاي رېجىمىنىڭ شۇنچە نالە-پەريادلارغا، چاقىرىقلارغا پىسەنتمۇ قىلىنماستىن، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىن چىقىشىغا رۇخسەت قىلماسلىقى سەۋەبلىك كۆيۈپ قازا قىلغان ۋە 40 تىن ئارتۇق كىشىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىشى بىلەن نەتىجىلەنگەن قەبىھ جىنايىتىگە ۋە نۆۋەتتىكى ئاچ قويۇپ قىرغىن قىلىش جىنايەتلىرىگە قارشىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىستانبۇلدىكى مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى 26-نويابىر خىتاينىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزدى.

نامايىشنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تەشكىللىگەن بولۇپ، قوللىرىدا ئوت ئاپىتىدە ھاياتىدىن ئايرىلغان كىشىلەرنىڭ، نارەسىدە بالىلارنىڭ سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن پىلاكات ۋە شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى كۆتۈرگەن خەلق «ئۈرۈمچى يانماقتا، قامال توختىتىلسۇن»، «شەرقىي تۈركىستانغا مۇستەقىللىق»، «خىتاينىڭ قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ھېسابى سورىلىدۇ» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاشتى.

نامايىش شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى مۇھەممەد ئەمىن قارىمنىڭ خىتاي تەرىپىدىن كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ روھىغا ئاتاپ قىلغان قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. ئارقىدىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان شەرقىي تۈركىستان خەلقى نامىدىن ئۈرۈمچىدە ئېچىنىشلىق شېھىت قىلىنغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى.

ئۇ سۆزىدە 73 يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي مۇستەملىكىچىلىكى ۋە ئۇنىڭ بىر كۈنمۇ توختاپ قالماستىن ئۆتكۈزۈۋاتقان جىنايەتلىرى، يېقىنقى بەش-ئالتە يىلدىن بۇيان پۈتۈن دۇنيا كۈنتەرتىپىدە تۇرۇۋاتقان جازا لاگېرلىرى سىياسىتى ھەققىدە توختىلىپ، بۇ جىنايەتلەرنىڭ ئاللىبۇرۇن ب د ت قاتارلىق نوپۇزلۇق خەلقئارالىق ئورگانلار ۋە كۆپلىگەن دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ بېكىتىلگەنلىكىنى، مۇشۇنداق بىر پەيتتىمۇ خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى قىلچىلىك توختاتماستىن، ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» نامىدا خەلقنى ئۆيلىرىگە ۋە ئىنتايىن ناچار شارائىتلاردىكى ئاتالمىش «كارانتىن مەركەزلىرى»گە قاماپ يوقىتىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى، ئىشىكلىرى كەپشەرلەنگەن يۈزلىگەن كىشىنىڭ ئاچلىقتىن ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى ۋە ھېچقانداق بىر دۆلەتتە مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ جىنايەتلەرنىڭ نەتىجىسىدە ئۈرۈمچىدە بۇ پاجىئەلىك جىنايەت يۈز بەرگەنلىكىنى، بۇنى ھەرگىزمۇ نورمال ئوت ئاپىتى دەپ ئاتاشقا بولمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئىشىكلىرى كەپشەرلەنگەن ھەمدە سىملار بىلەن تاقاپ سولاپ قويۇلغان ۋە ئوت ئاپىتى جەريانىدىكى ئېچىنىشلىق نالە-پەريادلارغىمۇ قۇلاق سالماستىن ئۇلارنى قۇتقۇزمىغان، ئىشىكلىرىنى ئېچىۋېتىپ سىرتقا چىقىشىغا رۇخسەت قىلمىغان ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمىنىڭ قەستەن قىرغىن قىلىش جىنايىتى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى ۋە شۇنداقلا خىتاينىڭ مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتايغا قارشى ئىرادىسىنى سۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى، ئەمما خىتاينىڭ ھەرگىز بۇ رەزىل مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇ باياناتىنىڭ ئاخىرىدا تۈركىيە ۋە ئىسلام دۇنياسىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى توختىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا چاقىرىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ جىددىي بىر ھەيئەت تەشكىللەپ، شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللام نامايىش جەريانىنى نەق مەيداندىن





تارقىتىۋاتقان ئەلجەزىرە قانىلى ئارقىلىق ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىغا خىتاب قىلىپ، ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان سۆزلىگەن بارلىق مەزمۇنلار ھەققىدە تەپسىلىي توختالدى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مېيىتلارغا جىنازا نامىزى ئوقۇش چاغلىق، ئۇلارغا ئالللاھتىن رەھمەت تىلەش چاغلىق ئەڭ ئەقەللىي ھوقۇقىنىڭمۇ يوق ئىكەنلىكىنى، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا خىتاينىڭ ۋەھشىيلىكتە قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە يېتىپ ئاشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا چاقىرىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

نامايىش شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئالىملىرىدىن ئاتاۋۇللاھ خەلپەتھاجىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇ قېتىم ئۈرۈمچىدە كۆيدۈرۈپ شېھىت قىلىنغان ئۇيغۇرلار ۋە خىتاي تەرىپىدىن ھازىرغىچە شېھىت قىلىنغان بارلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاخىرەتتە ياتقان يېرىنىڭ جەننەتتە بولۇشى ۋە خىتاينىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن قىلىنغان دۇئالار بىلەن ئاخىرلاشتى.

نامايىشتىن كېيىن تارقالغان مىڭلىغان ئۇيغۇرلار يەنە شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى شۇ كۈنى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن سەفاكۆيدىكى فاتىھ جامەسىدە ئۈرۈمچىدىكى پاجىئەدە شېھىت بولغانلار ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان غايىبانە جىنازا نامىزى ۋە دۇئا پائالىيىتىگە قاتناشتى.



شى جىنپىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى تارىختىي نامايىش دولقۇنى پۈتۈن خىتاي ئۆلكىلىرىگە تارقىلىپ، خىتاي كوممۇنىست رېجىمىنى بىئارام قىلدى.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ 27-نويابىردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، شى جىنپىڭنىڭ «يۇقۇمىنى نۆلگە چۈشۈرۈشتە قەتئىي تەۋرەنمەيمىز» دېگەن شوئارى كىشىلەرنى ئۆلۈمگە ئىتتىرگەن بولۇپ، خىتاي پۇقرالىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. خىتاي رېجىمىنىڭ ئۈرۈمچىدە خەلقنى ئۆيلىرىگە قاماپ، 40 تىن ئارتۇق كىشىنى قەستەن ئۆلۈمگە ئىتتىرىش قىلمىشى خەلقئارانىڭ دىققىتىنى قوزغىغان.

بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەدىن خىتايلارمۇ نۆۋەتنىڭ ئۆزىگە كېلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان بولۇپ، پۈتۈن خىتاي ئۆلكىلىرىدە شى جىنپىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى نامايىشلار باشلانغان. ئۈرۈمچى خەلقى 25-نويابىر كېچە كوچىلارغا چىقىپ قارشى كۆرسەتكەن كېيىن، 26-نويابىر كەچتە شاڭخەي پۇقرالىرى كوچىلارنى قاپلاپ، شى جىنپىڭنى ئىستېپا بېرىشكە چاقىرغان. خىتايغا قارشى نامايىش دولقۇنى خىتاينىڭ شىمال ۋە جەنۇبىدىكى كۆپلىگەن ئۆلكىلەرگە كېڭەيگەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، 27-نويابىر سانسىزلىغان خىتاي پۇقرالىرى بېيجىڭ، شاڭخەي، ۋۇخەن، نەنجىڭ، لەنجۇ، چۇڭچىڭ، چېڭدۇ ۋە خىتاينىڭ باشقا شەھەركوچىلىرىغا يىغىلىپ، خىتاينىڭ ھەددىدىن زىيادە قامال قىلىش قىلمىشىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، 27-نويابىر كەچتە شاڭخەي پۇقرالىرى «ئۈرۈمچى ئوتتۇرا يولى»غا يىغىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى ئوت ئاپىتىدە قازا قىلغانلارغا تەزىيە بىلدۈرگەن. 26-نويابىر كەچتە ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان كىشىلەرنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، شەھەرلەرنى لىق تولدۇرغان نامايىشچىلار ساقچىلار بىلەن تىركەشكەن. ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرى ئارقىلىق تارقالغان سىنىدا كۆرسىتىلىشىچە، كوچىلارنى قاپلىغان خىتاي پۇقرالىرى «شى جىنپىڭ ئىستېپا بەرسۇن! شى جىنپىڭ تەختتىن چۈشسۇن!» دەپ شوئار توۋلىغان. مەزكۇر نامايىش شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنگە قەدەر داۋام قىلغان. مۇخبىر شاڭخەيدىكى بىر قانچە يول ئېغىزىدا، بىر قىسىم نامايىشچىلارنىڭ ئاق قەغەزنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلغانلىقىنى كۆرگەن. ئاق قەغەز خىتاينىڭ سۆز ئەركىنلىكىنى چەكلىگەنلىكىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان.

27-نويابىر كەچتە نۇرغۇنلىغان شاڭخەي ئاھالىسى خۇەيخەي ئوتتۇرا يولى، فۇشىڭ ئوتتۇرا يولى، چاڭلې يولى، چاڭشۇ يولى، ئەنفۇ يولى، ۋۇيۇەن يولى قاتارلىق جايلارغا يىغىلغان. سىندا كۆرسىتىلىشىچە، ساقچىلار ئەنفۇ يولى ۋە ئۈرۈمچى يولىدىكى كىشىلەر توپىغا بېسىپ كىرىپ، نامايىشچىلارنى قولغا ئالغان ھەمدە فۇشىڭ ئوتتۇرا يولى بىلەن خۇەيخەي ئوتتۇرا يولىنىڭ تۇتىشىدىغان جايىدىن كارىدور شەكىللەندۈرۈپ يولنى توسۇۋالغان. بىر قىسىم كىشىلەر نەق مەيداندا قالايمىقان قولغا ئېلىنغان. شاڭخەي فۇشىڭ غەربىي يولىدا نۇرغۇن كىشىلەر ساقچى ماشىنىسىنى قورشىۋېلىپ تۇتقۇن قىلىنغان كىشىلەرنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. سىندا يەنە ساقچىلارنىڭ فۇشىڭ غەربىي يولىدىكى ئىران كونسۇلخانىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا ئاپتوبۇستا كېتىۋاتقان ئىككى كىشىنى قولغا ئالغانلىقى كۆرسىتىلگەن.


ئۇندىن باشقا نۇرغۇن سىنلاردا كۆرسىتىلىشىچە، سىچۇەننىڭ چېڭدۇ شەھىرى ۋاڭپىڭ كوچىسىدا 27-نويابىر كەچتە بىر توپ كىشىلەر توپلانغان بولۇپ، ئۇلار بىردەك «ئۆمۈرلۈك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە قارشى تۇرايلى»، «مۇستەبىتلىككە قارشى تۇرايلى»، «ئەركىنلىك ياكى ئۆلۈم» دەپ شوئار توۋلىغان. ساقچىلار تۇيۇقسىز بېسىپ كېلىپ، نامايىشچىلارنى قولغا ئالغان.

ئۇنىڭدىن كېيىن نامايىشچىلار ۋاقىتلىق كوچىسىدىن چىقىپ پىيادە يۈرۈش ئارقىلىق نارازىلىق بىلدۈرگەن.

خۇبېي ئۆلكىسى ۋۇخەن شەھرىدىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر خەنجياڭ كوچىسى ۋە باشقا جايلارغا يىغىلىپ نامايىش قىلغان. نامايىشچىلار قوراللىق ساقچىلار بىلەن توقۇنۇشقان.

27-نويابىر بېيجىڭدا شاڭخەي خەلقىنىڭ نارازىلىق ھەرىكىتىگە ھەمكارلىشىپ يىغىلىش نارازىلىق بىلدۈرگەن. سىندا تارقالغان كۆرۈنۈشتە كۆرسىتىلىشىچە، شۇ كۈنى كەچتە بېيجىڭدىكى ئەڭ ئاۋات لياڭما كۆۋرۈكى ئەتراپىغا نۇرغۇن كىشىلەر يىغىلغان بولۇپ، ئاق قەغەز كۆتۈرۈپ نارازىلىق بىلدۈرگەن ۋە «شاڭخەيدە تۇتقۇن قىلىنغانلار قويۇپ بېرىلسۇن» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلىغان.

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا تارقىتىلغان سىنلاردا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى قارشىلىق كۆرسىتىش نامايىشىغا قاتناشقان. ئۇنىڭدىن باشقا خىتاينىڭ نەنجىڭ ئالاقە ئىنستىتۇتىدىكى نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار نامايىش قىلغان. شىئەن ۋە گۇاڭجۇ پۇقرالىرىمۇ كوچىلارغا چىقىپ نارازىلىق بىلدۈرگەن. يۈننەن ئۆلكىسىدە 27-نويابىر كەچتە نامايىشچىلار ئاق قەغەز تۇتۇپ نارازىلىق بىلدۈرگەن.


TÜRKİYE CUMHURİYETİ
DIŞİŞLERİ BAKANLIĞI

**No: 357, 26 Kasım 2022, Çin Halk Cumhuriyeti'nin Sincan Uygur Özerk Bölgesi'ndeki Yangın Hk.**

Çin Halk Cumhuriyeti'nin Sincan Uygur Özerk Bölgesi'nin başkenti Urumçi'de çıkan yangın sonucunda hayatlarını kaybedenler ve yaralananlar olduğu derin üzüntüyle öğrenilmiştir. Bu elim hadise nedeniyle taziyelerimizi iletiyor, yaralılara acil şifalar diliyoruz.

Yangının çıkış nedenine ilişkin kamuoyunun aydınlatılmasını bekliyoruz.



تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى خىتايدىن 24-نويابىر ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئېچىنىشلىق ئوت ئاپىتىنىڭ سەۋەبىنى خەلقئارالارغا ئاشكارىلاشنى تەلەپ قىلدى.

تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى 26-نويابىر يازما بايانات ئېلان قىلىپ، خىتايدىن 40 تىن ئارتۇق كىشىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىشىغا سەۋەب بولغان ئېچىنىشلىق ئوت ئاپىتىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى خەلقئارالارغا ئاشكارىلاشنى تەلەپ قىلدى.

باياناتتا مۇنۇلار بىلدۈرۈلدى: «خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى نەتىجىسىدە ھاياتىدىن ئايرىلغان ۋە يارىدار بولغانلارنىڭ بارلىقىدىن قاتتىق قايغۇرۇش ئىچىدە خەۋەر تاپتۇق. بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقە سەۋەبلىك تەزىيە بىلدۈرىمىز ھەمدە يارىلانغانلارنىڭ يارىسىنىڭ تېزدىن

ساقىيىشىغا تىلەكداشمىز. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئېچىنىشلىق ئوت ئاپىتىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنىڭ خەلقئاراغا ئاشكارىلىنىشىنى كۈتىمىز».

خىتاي رېجىمى ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسى بىلەن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خەلقنىڭ ئىشىكلىرىنى، ئولتۇراق رايونلىرىنىڭ دەرۋازىلىرىنى قۇلۇپلاپ ياكى توسۇق قويۇپ، ئۆيلىرىگە قامىغانىدى. ئەمما ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ تەدبىرلەر قامال باشلانغىنىغا ئۈچ ئايدىن ئاشقان ئۈرۈمچىدە ئېچىنىشلىق پاجىئەنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.




خىتاي رېجىمىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئوت ئاپىتىدە ئۇيغۇرلارنى ئۆيلىرىگە قاماپ، 40 تىن ئارتۇق كىشىنى قەستەن ئۆلۈمگە ئىتتىرىش قىلمىشىنىڭ تەپسىلاتى ئاشكارىلاندى. ئوت تۇنجى تۇتاشقان ئائىلە ئەزالىرىدىن بىرى مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان بولۇپ، ئۇ دوستلىرىغا ئېچىنىشلىق ئوت ئاپىتىنىڭ ئارقىسىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قىرغىن قىلىشتەك رەزىل مەقسىتىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

ئۇنىڭ ئاشكارىلىشىچە، دەسلەپ ئوت تۇتاشقان ئۆيدە توك قاچىلاپ ئىشلەتكىلى بولىدىغان كىچىك تېلېۋىزور بار بولۇپ، ئادەتتە ئۆي ئىگىسىنىڭ پەرزەنتلىرى كارتون فىلىم كۆرىدىكەن. ئۆي ئىگىسى پەرزەنتلىرى كارتون كۆرۈۋاتقان ۋاقىتتا ھورداقتا چۈشكەن. بۇ جەرياندا ئۆينىڭ توكى ئۆچكەن بولۇپ، چىقىپ قارىغىنىدا بىختەرلىك ئۈزچاتى چۈشۈپ كەتكەن. ئۇ ئۈزچاتنى قايتا كۆتۈرۈپ ئىشنى داۋام قىلغان. ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن، قىزى ئۆيدىن ئىس چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان. چىقىپ قارىسا ئوت تۇتىشىپ كۆيۈشكە باشلىغان بولۇپ، ئوتنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ ئولتۇراق رايون خادىملىرىغا مەلۇم قىلغان. خادىملار كىرىپ بولغۇچە تېلېۋىزور كۆيۈپ كارىۋاتقا تۇتاشقان. بۇ ۋاقىتتا ئوتنى سۇ چېچىپ ئۆچۈرگىلى بولىدىغان بولۇپ، ئۆي ئىگىسى سۇ چېچىپ ئۆچۈرۈشكە تەمشەلگەن ۋاقىتتا، ئولتۇراق رايون خادىملىرىدىن ئىككى كىشى چىقىپ: «بىز بۇ ئوتنى ئۆچۈرمەيمىز، ئوت ئۆچۈرۈش

ئىدارىسى كېلىپ ئۆزى ئۆچۈرسۇن» دېگەن. ئۆي ئىگىسى ئوتنى سۇ چېچىپ ئۆچۈرىدىغانلىقى ئېيتقان بولسىمۇ، بىراق ئىككى ئەمەلدار ئۇنىڭ ئوت ئۆچۈرۈشىگە رۇخسەت قىلماي، بىنادىن مەجبۇرىي چۇشۇرگەن.

ئەسلىدە ئوتنى سۇ چېچىپ ئۆچۈرگىلى بولىدىغان بولۇپ، خادىملار ئوت تۇتاشقان ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكىنى تاقىۋەتكەن. ئوت تۇتاشقان ئۆي 15-قەۋەتتە بولۇپ، بىنادىن پەشتاق ئارقىلىق چۈشىدىغان ئىشىك سىم ئارقىلىق تاقىۋېتىلگەن بولغاچقا، خادىملار بىنانىڭ توكىنى ئۆچۈرمەستىن، ئۆيلەردىكى كىچىك باللارنى لىفت ئارقىلىق بىنادىن ئېلىپ چۈشۈپ كەتكەن. پەقەت ئەمەلدارلار بىلەن بىنادىن چۈشۈپ كەتكەن كىشىلەر ساق قالغان. ھەتتا ئىككى ئەمەلدار ئوت تۇتاشقان ئائىلىنىڭ ئۇدۇل قوشنىسىنىڭ ئىشىكىمۇ ئېچىۋېتىلمىگەن. نەتىجىدە 15-قەۋەتتىكى ئوت تۇتاشقان ئائىلىنىڭ ئىككى يان قوشنىسىنىڭ ئۆيى كۆيۈپ كۇلگە ئايلانغان. ئوت 15-قەۋەتنىڭ ئاستىدىكى ئىككى قەۋەتكە تۇتاشقاندىن باشقا، ئۈستى قەۋەتتىن ئىككى ئۆيمۇ كۆيۈپ كۇلگە ئايلانغان. بىنانىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى ئىككى قەۋەت چالا-پۇچۇق كۆيگەن بولۇپ، جەمئىي سەككىز ئۆي كۆيۈپ كۇلگە ئايلانغان.

بۇ گۇۋاھچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئوتنىڭ ئۆيگە تۇتىشىشى خىتاي رېجىمىغا باھانە بولۇپ بەرگەن بولۇپ، بۇ ۋەقە ئارقىلىق خىتاي ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قىرغىن قىلىش رەزىل مەقسىتىنى ئاشكارىلىغان. ئەسلىدە دائىرىلەر ئوتنى ئۆچۈرۈشكە رۇخسەت قىلغان تەقدىردە، ئوتنى سۇ چېچىپلا ئۆچۈرگىلى تامامەن بولىدىكەن. خىتاينىڭ ئوت ئۆچۈرۈش تارماقلىرى ئوت تۇتىشىپ ئۈچ سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئاپەت مەيدانىغا يېتىپ كەلگەن. ئوت ئۆلگىيىپ كەتكەندە ئۆيلىرىدە قاپسىلىپ قالغان كىشىلەر ئولتۇراق رايون خادىملىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار «ھەرىكەت قىلماي، لۈڭگىنى ھۆل قىلىپ ئېغىزىڭلارنى يۆگەپ تۇرۇڭلار» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغان. خىتاي رېجىمى ئاپەتنىڭ بارلىق مەسئۇلىيىتىنى ئوت تۇتاشقان ئۆي ئىگىلىرىگە ئارتىش ئارقىلىق، ئۆزى مەسئۇلىيەتتىن قېچىشقا ئۇرۇنغان. نۆۋەتتە ئوت تۇتاشقان ئۆينىڭ ئىگىسى سوراق قىلىنماقتىكەن.



ئالدىنقى ھەپتە ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن قەستەن كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش پاجىئەسىدىن كېيىن، ئىستانبۇلدىكى خىتاي باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن نامايىش ۋە نامايىش جەريانىدىكى بىر قىسىم كۆڭۈلسىزلىكلەر تۈركىيەدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى قايتىدىن كۈنتەرتىپكە كەلتۈردى.

ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار 30-نويابىر سەھەردىلا ئىستانبۇلدىكى خىتاي باش كونسۇلخانىسى جايلاشقان كوچىغا يىغىلىپ، شەرقىي تۈركىستان بايرىقى ۋە شېھىتلەرنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆتۈرگىنىچە، خىتاينىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئوت ئاپىتى باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قىرغىن قىلىش قىلمىشىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەنىدى. نامايىشقا ئۈرۈمچىدىكى ئوت ئاپىتىدە ھاياتىدىن ئايرىلغان مەرھۇم قەمەرنىساخان ئابدۇراھماننىڭ ئوغلى مۇھەممەدمۇ قاتنىشىپ، بۇ پاجىئەدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئانىسى، قېرىنداشلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەنىدى.


بۇ جەرياندا ئامانلىق قوغداشقا مەسئۇل بىر ساقچى ئەمەلدارى نامايىشچىلارنىڭ كونسۇلخانىدىن يىراقلىشىشىنى تەلەپ قىلغان ۋە بۇ جەرياندىكى ئىنتايىن قوپال مۇئامىلىسى ۋە تۈركىيەدىن قوغلاپ چىقىرىدىغانلىقىغا ئوخشاش تەھدىت ئارىلاش سۆزلىرى نامايىشچىلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان.

بۇ ھەقتىكى سىنلار ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالغاندىن كېيىن، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تۈركىيەنىڭ ئىچى-سىرتىدا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى. مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىلا ئەمەس، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان تۈرك خەلقىمۇ مەزكۇر ئەمەلدارنىڭ قىلمىشىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىنى، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشتى. تۈركىيەنىڭ كۆپلىگەن ئاخبارات ئورگانلىرىمۇ بۇ ۋەقە ھەققىدە خەۋەر تارقاتتى.


قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن، ئىستانبۇل ئامانلىق مۇدىرلىقى رەسمىي ھېسابىدا يازما بايانات ئېلان قىلىپ، نامايىشنىڭ رۇخسەتسىز ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى، ئامانلىق قوغدىغۇچى خادىملارنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش جەريانىدا نامۇۋاپىق سۆز-ئىبارىلەرنى قوللانغانلىقىنى، بۇ مەسىلىگە ئالاقىدار خىزمەتلەرنىڭ نازارەت قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

چۈشتىن كېيىن تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۇلايمان سويلۇمۇ مەخسۇس يازما بايانات ئېلان قىلىپ، ئالاقىدار ئەمەلدارنىڭ نامايىش جەريانىدىكى قىلمىشى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى ۋە ئەپۇ سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ باياناتىغا يەنە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىقامەت ۋە پۇقرالىق بېرىشتەك خىزمەتلەرنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ۋە يەنە داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئىلاۋە قىلدى.

ئىستانبۇلدىكى خىتاي باش كونسۇلخانىسى ئالدىدىكى نامايىش بۈگۈنمۇ داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىمۇ تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن خىتاي رېجىمىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ئاشكارىلانغان بىر پارچىسى بولغان بۇ قېتىملىق پاجىئەگە كۈچلۈك نارازىلىقىنى بىلدۈرمەكتە.




*خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتالمىش «نۆل يۇقۇم» سىياسىتى پەقەت بىر باھانە، ھەقىقىي مەقسىتى بولسا قىرغىن قىلىش.*




*خىتاي تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋە ئاچچىق رېئاللىق*

# ئىستىقلال ئاۋازى

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق |
| تەھرىر | ي. قۇرۇم |
| لايىھەلىگۈچى | ي. قۇرۇم |
| كارىكاتۇر | رادۋا ئادىل |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى |
| نەشر تۈرى | ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى |
| ئادرېس | Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2<br>Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL |

info@istiqlalmedia.com

www.istiqlalmedia.com www.istiqlalhaber.com

+90 553 895 19 33 +90 212 540 31 15

+90 541 797 77 00

**DOĞU TÜRKİSTAN BASIN VE MEDYA DERNEĞİ**

شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى